## شى جىنپىڭ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم

# بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ رەسمىي ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەنلىكىنى جاكارلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىغا يېتىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەشتەك يۈكسەك ئىرادىسى، ئىشەنچىسى بار. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو خەلقى چوقۇم قىلالايدۇ، جۇڭگو چوقۇم قىلالايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ مۇراسىمغا قاتناشتى ھەم تەبرىك سۆزى قىلدى.

سائەت 9دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ بېيجىڭ شەھىرى فېڭتەي رايونىغا جايلاشقان رېلىسلىق قاتناش داشىڭ ئايروپورت لىنىيەسىنىڭ ساۋچياۋ بېكىتىگە كېلىپ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ رېلىسلىق قاتناش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە داشىڭ ئايروپورت لىنىيەسىنى ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش تەييارلىق ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى بىلەن مەركىزىي شەھەر رايونىنى تۇتاشتۇرىدىغان رېلىسلىق قاتناش مەخسۇس لىنىيەسىنىڭ 41 كىلومېتىر كېلىدىغان 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەنىدى. ساۋچياۋ بېكىتى مېترو بېكەت ئىقتىدارى ۋە ئايروپورتتىكى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئىقتىدارىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، يولۇچىلار مېترو بېكىتى ئىچىدە دۆلەت ئىچى، خەلقئارا ئايروپىلانلارغا ئولتۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى، يۈك ـ تاقلىرىنى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈش ۋە ھاۋالىلىك توشۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرەلەيدۇ، شەھەر قاتنىشى بىلەن ئايروپورت قاتنىشىنى يوچۇقسىز جىپسلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، كەڭ يولۇچىلارغا ئىنتايىن زور قولايلىق يارىتىپ بېرىلگەن.

ساۋچياۋ بېكىتىنىڭ بېكەتكە كىرىش زالىدا، شى جىنپىڭ كۆرگەزمە تاختىسىغا بىرلەشتۈرۈپ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شەھەر رېلىسلىق قاتنىشى زامانىۋى چوڭ شەھەر قاتنىشىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى. رېلىسلىق قاتناشنى راۋاجلاندۇرۇش چوڭ شەھەر كېسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى، شۇنداقلا يېشىل شەھەر، ئەقلىي ئىقتىدارلىق شەھەر قۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. بېيجىڭ رېلىسلىق قاتنىشى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۈنىۋېرسال، يېشىل، بىخەتەر، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىستېرېئولۇق زامانىۋىلاشقان شەھەر قاتناش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، خەلقئارادىكى ئەڭ ئىلغار سەۋىيەنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، زامانىۋىلاشقان خەلقئارا چوڭ مەركىزىي شەھەر بەرپا قىلىشى كېرەك.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ رېلىسلىق پويىزغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىغا ماڭدى، يول ئۈستىدە رېلىسلىق پويىزنىڭ لايىھەلىنىشى، ياسىلىشى ۋە بېلەت باھاسى، يۈك ـ تاقلارنى ھاۋالىلىك توشۇش، باشقا قاتناش لىنىيەلىرى بىلەن جىپسلاشتۇرۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: شەھەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا قاتناشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېي دۇنيا دەرىجىلىك شەھەرلەر توپى، بېيجىڭدىكى «تۆت مەركەز»، شيۇڭئەن يېڭى رايونى قۇرۇلۇشى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

ئالتۇن كۈزدىكى بېيجىڭنىڭ ھاۋاسى ساپ ۋە ساللىق بولۇپ، ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمگەندى، قۇياش نۇرى مىس رەڭلىك ئاۋىياتسىيە بىناسىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشۈپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى، بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى خۇددى قانات قېقىپ ئۇچماقچى بولۇۋاتقان ئالتۇن سۇمۇرغقا ئوخشايتتى.

بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ بېرىپ، شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن ئۈنىۋېرسال قاتناش مەركىزىدە ئايروپورتنىڭ ئۈنىۋېرسال قاتناش سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى زامانىۋى ئىستېرېئولۇق قاتناش سىستېمىسىنى ياندىش قۇرۇپ، ئايروپورتنىڭ ئىچكى قىسمىدا تاشيول، رېلىسلىق قاتناش، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول، شەھەرلەر ئارا تۆمۈريول قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ترانسپورت شەكلىدىكى ئىستېرېئولۇق ئالمىشىش، يوچۇقسىز جىپسلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە تاشقى قىسمىدا ئۆزۈنىسىغا بەش، توغرىسىغا ئىككى قاتناش تورىنى ياندىش قۇردى. نۆۋەتتە، داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك، رېلىسلىق قاتناش يېڭى ئايروپورت لىنىيەسى، بېيجىڭ ـ شيۇڭئەن شەھەرلەر ئارا تۆمۈريولى بېيجىڭ بۆلىكى قاتارلىقلار ماس قەدەمدە ئېچىلدى. شى جىنپىڭ يېڭى ئايروپورتنىڭ ياندىش قاتناش ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىچكى ـ تاشقى قىسمىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئۈنىۋېرسال قاتناش سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئايرودۇرۇمنىڭ يۈرۈشۈش ئۈنۈم نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. ئىلغار باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، زامانىۋى ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، باشقۇرۇش، يۈرۈشتۈرۈشنى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش، قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

داشىڭ خەلقئارا ئايروپورت بىناسى نۆۋەتتە پۈتۈن يەر شارىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور يەككە ئايروپورت بىناسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئوبراز يارىتىش لايىھەسى، كامالەتكە يەتكەن قۇرۇلۇش ھۈنىرى، قولاي قاتناش تەشكىللەش، ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىش ئارقىلىق، دۇنيا بويىچە نۇرغۇن «ئەڭ»نى ياراتتى. ئايروپورت بىناسى ئىچىدىكى، ئېقىم سىزىقلىق بوشلۇق قۇرۇلمىسى ئىنتايىن ئازادە، يورۇق ئىدى. شى جىنپىڭ ئايروپورت سۇپىسى زالى ۋە ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىش زالىنى پىيادە كۆزدىن كەچۈردى، ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش، ئايروپىلانغا چىقىش ۋە مېيىپلەر توساقسىز ئەسلىھەسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى ھەم قۇم مودېل ۋە مودېل بىرلەشتۈرۈلگەن ئايروپورت ئومۇمىي گەۋدە پىلانى، ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى پايتەختنىڭ مۇھىم، زور بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشى، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان تايانچ قۇرۇلۇش. بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېيدىن ئىبارەت ئۈچ جاي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ماسلىشىش ـ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، رايوننىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىشى كېرەك. خەلق ئاۋىياتسىيە ئىشلىرى دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك كەسپى. تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئىلغار ئاۋىياتسىيە تۈگۈنى، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئۈنىۋېرسال قاتناش ـ ترانسپورت سىستېمىسى قۇرۇپ، قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك.

ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىش پوكىيى ئالدىدا، شى جىنپىڭ ئەقلىي ئىقتىدار تېخنىكىسى، پۈتۈن ئاپتوماتىك قەغەزسىز ئاقىل ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىش تەرتىپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئايروپورتنىڭ زامانىۋى ئەسلىھەلەردىن پايدىلىنىپ يولۇچىلارنى قولايلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنى يۇقىرى سۈپەتتە قۇرۇش، تېخىمۇ مۇھىمى، داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش كېرەك. داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنى خەلقئارادىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تىنچ ئايروپورت، يېشىل ئايروپورت، ئاقىل ئايروپورت، ئادىمىيەت ئايروپورتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، دۇنيا دەرىجىلىك ئاۋىياتسىيە تۈگۈنى بەرپا قىلىپ، دۇنياغا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى نامايان قىلىش، جۇڭگونىڭ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، تىنچ ھەمكارلىشىدىغان كەڭ قورساقلىقىنى نامايان قىلىش كېرەك.

ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش مۇراسىمى ئايروپورت بىرلەشمە تەكشۈرۈش زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. سائەت 11دە، شادىيانە مەرھابا مۇزىكىسى ئىچىدە، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار مۇراسىم نەق مەيدانىغا كىردى، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىش ياڭراتتى.

جۇڭگو پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى ئىدارىسىدىكى مەسئۇل يولداش پايتەخت ئايروپورت گۇرۇھ شىركىتىگە بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنى ئىشلىتىشكە ئىجازەت قىلىش كىنىشكىسىنى تارقاتتى.

سائەت 11دىن 28 مىنۇت ئۆتكەندە، شى جىنپىڭ رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ: «بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى رەسمىي ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى!» دەپ جاكارلىدى، پۈتۈن مەيداندا قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئايروپورتنىڭ خەلقئارا يولغا چىقىش زالىغا كېلىپ، ئايروپورت قۇرۇلۇشىغا ۋە ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈشكە قاتناشقان خىزمەتچى خادىملار ۋەكىللىرىنى يوقلىدى. شى جىنپىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن كۆپچىلىكنى ھەم ئايروپورت يېرىك پىلانى، قۇرۇلۇشى، ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈشكە قاتناشقان بارلىق يولداشلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن بايراملىق ھال سورىدى. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ قۇرۇلۇش ئۆلچىمى يۇقىرى، قۇرۇلۇش ئىش مۇددىتى جىددىي، قۇرۇلۇش قىلىش قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ، بارلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ئورتاق تىرىشىپ، يۇقىرى سۈپەتتە ۋەزىپىنى تاماملىدى، داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنى نادىر قۇرۇلۇش، ئۈلگە قۇرۇلۇشى، ئامانلىق قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى قىلىپ قۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلققە كىشىنى رازى قىلغۇدەك ئىمتىھان قەغىزى تاپشۇردى!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇمھۇرىيەت بىناسى پارچە ـ پارچە خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، خەلق ھەقىقىي قەھرىمان. داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى، جەسۇرانە ئىرادىسى ۋە دۇنياۋى نەزەر دائىرىسى، ئىستراتېگىيەلىك نەزەر دائىرىسىنى نامايان قىلدى، مىللىي روھ ۋە زامانىۋى سەۋىيەدىكى چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ كەڭ قۇرۇلۇش قىلغۇچىلارنىڭ يېڭى مۇساپىدە غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

خەن جېڭ تەبرىك سۆزىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۆزى تۈرتكە بولغان پايتەختتىكى مۇھىم، زور بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش. بۇ مۇھىم، زور قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈپ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلۈشى دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسىنىڭ خەلقئارا رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشكە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشقا، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يۈرۈشۈشى راۋان بولغان، تەشكىللىشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان توپلاش ـ تارقاقلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى كۈچەپ قۇرۇپ، يۈرۈشۈش ئۈنۈمى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىنى خەلقئارا ئاۋىياتسىيە تۈگۈنى قۇرۇش، يۈرۈشتۈرۈشتىكى يېڭى بەلگە، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردىكى قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېڭى دۆلەت دەرۋازىسى، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتىدىكى يېڭى موتور قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى. خې لىفېڭ ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

سەي چى، فېڭ جېڭلىن، ۋاڭ دۇڭفېڭ قاتارلىقلار مۇراسىمدا سۆز قىلدى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، بېيجىڭ شەھىرى، خېبېي ئۆلكىسى، تيەنجىن شەھىرى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بىرلەشمە سەپنۇبۇسى، ھاۋا ئارمىيەسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئايروپورت قۇرۇلۇشى ۋە يۈرۈشتۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتارلىقلار ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

ئىگىلىنىشچە، 2014 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلانغان. بۇ قۇرۇلۇشتا ئاساسلىقى «ئۆزۈنىسىغا ئۈچ، توغرىسىغا بىر» تۆت ئۇچۇش يولى، 700 مىڭ كىۋادرات مېتىرلىق ئاۋىياتسىيە بىناسى، 268 ئايروپىلان ئورۇن سۇپىسى ھەمدە ئالاقىدار يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەر قۇرۇلغان. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۇچۇش رايونىدىكى تۆت ئۇچۇش يولى ئومۇمىيۈزلۈك تۇتاشتۇرۇلغان، ئۇچۇشنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 2019 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تولۇق تاماملانغان. ئايروپورت قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىپ، مەۋقە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشقا قويۇلۇپ، كۆپ تۈرلۈك يېڭى پاتېنت، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ھۈنەر ـ سەنئەت، يېڭى قۇرۇلۇش ئۇسۇلى ئېچىپ قوللىنىلغان، قۇرۇلۇش كۆرسەتكۈچى دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا يەتكۈزۈلگەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋاپات بولغان «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نى چوڭقۇر ياد ئېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، تەقدىرلەنگەن يولداشلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى، «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىقلار «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»دىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان بارلىققا كەلگەن قەھرىمان نەمۇنىچىلارنى باھالاپ تەقدىرلىدى. بۇ، قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش، دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىنى ياخشى مېڭىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتىنىڭ ئاجايىپ مۇساپىسىدە، ئەۋلادمۇئەۋلاد كۈرەش قىلغۇچىلار قەيسەرلىك بىلەن ئىزلىنىپ بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، يەر ـ جاھاننى لەرزىگە سالغان سانسىزلىغان قەھرىمان نەمۇنىچىلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە تەرى، ھەتتا ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن تىللاردا داستان بولغۇدەك سالتەنەتلىك سەھىپىلەرنى پۈتتى. ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ھۆرمەتلىشىمىزگە ۋە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كۈرەش قىلىش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ كۈرەش قىلىش سىمفونىيەسىنى ياڭرىتىپ، يېڭى دەۋردىكى كۈرەش قىلغۇچىلار ناخشىسىنى ئېيتىپ، قەھرىمان نەمۇنىچىلارنىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى قەتئىي ساقلاش، كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چىڭىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ مۇجەسسەملەش كېرەك.

«ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»نى تەقدىرلەش يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ تەقدىرلەنگەن خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى خۇاڭ كۇنمىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم تەقدىرلەش يىغىنىدا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى ئوقۇدى. ئارقىدىن، ئۇ سۆزىدە مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار»دىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنى تەشۋىق قىلىشنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، سانسىزلىغان كۈرەش قىلغۇچىلار پۈتكەن يېڭى جۇڭگونىڭ 70 يىللىق شانلىق تارىخىنى مەڭگۈ ئەستە ساقلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كۈرەش قىلىش، ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئالىيجاناب روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىنى ياخشى مېڭىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

تەقدىرلەش يىغىنىدا تەقدىرلەش قارارى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، جاڭ فۇچىڭ قاتارلىق 278 شەخس، شىئەن قاتناش داشۆسى «غەربكە كۆچكەنلەر» ۋەتەننى سۆيۈپ كۈرەش قىلغان ئىلغارلار توپى قاتارلىق 22 كوللېكتىپقا «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» نامى بېرىلدى. جۇڭگو بوشلۇق تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتىنىڭ تېخنىكا مەسلىھەتچىسى، تەتقىقاتچى يې پېيجيەن، شەندۇڭ ئۆلكىسى چىڭداۋ چيەنۋەن كونتېينېر پرىستانى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بۆلۈمىنىڭ مۇقىم ماشىنا ئالىي درېكتورى شۈ جېنچاۋ، گۈيجوۋ ئۆلكىسى پەنجوۋ شەھىرى يۈنى يېزىسى يەنبولىيەن كەنتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى يۈ ليۇفېن، جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى شىركىتى سىچۈەن ئۆلكىسى گەنزى ناھىيەلىك شۆبە شىركىتى قوغداپ توشۇش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چىمبې دوجى، ھاۋا ئارمىيەسى پاراشۇتچى ئەسكەرلەر مەلۇم قىسمىنىڭ قىسىم باشلىقى جياڭ جياجى، قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى 79 ـ جىتۈەنجۈنى لېي فېڭ بەنىنىڭ 26 ـ قارارلىق بەنجاڭى، لېي فېڭ ھاياتى ۋاقتىدا تۇرغان قىسىمنىڭ ۋەكىلى جاڭ ياڭ، لەنكاۋ ناھىيەلىك يولداش جياۋ يۈلۇ خاتىرە سارىيىنىڭ پەخرىي ساراي باشلىقى، يولداش جياۋ يۈلۇنىڭ قىزى جياۋ شۇۋيۈن، دۆلەت تۆمۈريول گۇرۇھى شىركىتى بېيجىڭ ئىدارىسى فېڭتەي پاراۋۇز ئۇچاستكىسى «ماۋ زېدۇڭ نامىلىق» پاراۋۇز گۇرۇپپىسىنىڭ شوپۇرلار باشلىقى، «ماۋ زېدۇڭ نامىلىق» پاراۋۇز گۇرۇپپىسىنىڭ ۋەكىلى ليۇ يۈفېڭ قاتارلىق تەقدىرلەنگەن خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى يىغىندا سۆز قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۇن چۈنلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چېن شى ھەمدە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى مياۋ خۇا كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

«ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» بولۇپ باھالانغان خادىملار ۋە ۋاپات بولغان «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچىلار» بولۇپ باھالانغان خادىملارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، مەركەز تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرى، پايتەختتىكى ھەر ساھەدىكى كادىرلار، ئامما ۋەكىللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار ئىشلارغا بولغان ئۇلۇغۋار ئىرادە تولۇپ ـ تاشقان بولۇپ، كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرىدۇ، كەلگۈسىدىن خەۋەرلەندۈرىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو جۇڭگو زېمىنىنىڭ خارابىلىشىشى ئىچىدە غەيرەتكە كېلىپ، ھەم نامرات، ھەم قالاقلىق ئىچىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، «يەر شارى تەۋەلىكىدىن ھەيدىلىش» گىردابىدا كۈرەش قىلدى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈرەش تارىخى، سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ ئىگىلىك تىكلەش تارىخىغا قايتا نەزەر سالغاندا، بىز قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكى، يېڭى جۇڭگونىڭ تەستە قۇرۇلغانلىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەستە بەرپا قىلىنغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلىمىز.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تۆمۈر سېپىلدەك ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلىدە، ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىزنىڭ سەۋەبى دەل بىزدە تۆمۈردىنمۇ قاتتىق روھنىڭ بولغانلىقىدا، خەلقنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولى بىلەن جۇمھۇرىيەت تارىخىنى ياراتقانلىقىدا، خەلقنىڭ جۇمھۇرىيەتنىڭ شان ـ شەرىپىنى مەزمۇت يەلكىسىگە ئالغانلىقىدا؛ ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىزنىڭ سەۋەبى دەل بىزنىڭ ئىرادىنى ئۆزگەرتمەيدىغان، يولنى ئۆزگەرتمەيدىغان قەتئىيلىككە ئىگە بولۇپ، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى نەزەرىيە يارىتىپ، يېڭى سەھىپىلەرنى پۈتكەنلىكىمىزدە؛ ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلىدىن ھالقىپ ئۆتۈشىمىزنىڭ سەۋەبى دەل بىزنىڭ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، كۈچلۈك، باتۇر، قەيسەر يول باشلىغۇچىلىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان غايە ـ ئېتىقاد، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئىلمىي روھ، مەن قىلمىسام كىم قىلىدۇ دەيدىغان بۇرچ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، جۇڭگو ئىنقىلابى، قۇرۇلۇشى، ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، يۈز مىليونلىغان خەلقنى يېتەكلەپ ھۇجۇم بىلەن مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئۆتكەلنى ئىگىلەپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ماڭغانلىقىدا.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: 70 يىللىق شانلىق نەتىجە جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر ئۆندەش بەلگىسى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا بولسا بىر پەش. تۆمۈر سېپىلدەك ھەيۋەتلىك تاغ ئۆتكىلىدە، بۈگۈنكى كۈندىكى قەدەم ئېلىش باشتىن باشلاپ ھالقىشتىن باشلىنىدۇ. تۆمۈرنىڭ قاتتىقلىقى ئېتىقادنىڭ پولاتتەك، ئىرادىنىڭ پولاتتەك قاتتىق بولۇشىغا يەتمەيدۇ؛ باشتىن باشلاپ ھالقىشتا يەنە تاغۇ ـ دەريالار، چەكسىز مەنزىرىلەرنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.